# لەۋلىرى جانىم

ئا دۇتار پەدىسى پەدە
قوش پەدە چاتاق يەردە
قوش پەدە چاتاق يەردە.

ئا ئويناغىلى قويمامسەن خېنىم
كۆڭلۈم خالىغان يەدە
ئا ئويناغىلى قويمامسەن خېنىم
كۆڭلۈم خالىغان يەدە.

لەۋلىرى-جانىم لەۋلىرىڭىز
خام قايماكتەك بەللىرىڭىز
ئىڭغا تۆتنى، مىڭغا بەشنى
سۆيسە ئىگىلە بەللىرىڭىز
ۋايجان، ئايجان، ھەجەپ كېلىشكەن بويلىرىڭىز.

ئۇرۇمچىدىن كەلگۈچە
ئالتە ئۆستەڭ ئاتلىدۇق
ئالتە ئۆستەڭ ئاتلىدۇق
يار تۇتساقمۇ تۇتادۇق خېنىم
سىزگە ۋىدا ساقلىدۇق
يار تۇتساقمۇ تۇتادۇق
سىزگە ۋىدا ساقلىدۇق.

لەۋلىرىجانىم لەۋلىرىڭىز
كەسمە ئۈتۈندەك بەللىرىڭىز
ئىڭغا تۆتنى، مىڭغا بەشنى
سۆيسە ئىگىلە بەللىرىڭىز
ئايجان ۋوجون
ئەجەپ كېلىشكەن بويلىرىڭىز
راس-راس.

بەشىنچى زاكۇغا سۇ سالسا
ئۈنىنچى زاكۇدا توختاپتۇ
شوخ، راس
ئۈنىنچى زاكۇدا توختاپتۇ

سىزگە كۆيگەن شوخ يۈرەك
ئىككىنچى ئايدا، شامالغا تۇتسا
سۇغاق سۇ سەپسە، دۇتار چاسا، هاراق ئىچسە،
نىشە چەكسە قانداق قىسلا سەگدۇ

ئاشىق بولدۇم ئۆزىڭىزگە
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە
شەررەت قىلسام بىلمەيسەن خېنىم
ياغاچنى تىخسام كۆزەڭگە
ئاجان، ۋويجون
ياغاچنى تىخسام كۆزەڭگە
شوخ، شوخ.

بەش ئارغامچى ئون توخوناق
كۈرپاڭغا ئېسىپ قويدۇم، شوخ، راس
كۈرپاڭغا ئېسىپ قويدۇم
باشقۇرالمىغان چوكاننى مىنا
قازناققا سولاپ قويدۇم
باشقۇرالمىغان چوركاننى
قازناققا سولاپ قويدۇم

لەۋلىرىجانىم لەۋلىرىڭىز
خام قايماقتەك بەللىرىڭىز
ئىڭغا تۆتنى، مىڭغا بەسنى
سۆيسە ئىگىلە بەللىرىڭىز

موميەنجىنىڭ ئەلگىكىدەك
يوغۇلايدىكەن بەللىرىڭىز
ئايجان-گۈينىڭ بالىسى ۋويجان
ئەجەپ كېلىشكەن بويلىرىڭىز. راس، راس.

ئۈرۈمچىدىن ئات ئالدىم
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز
ئا ئىچىمدىكى دەردىمنى خېنىم
دېمىسەممۇ دوست بىلگەنسىز
ئا ئىچىمدىكى دەردىمنى
دېمىسەممۇ دوست بىلگەنسىز.

لەۋلىرىجانىم لەۋلىرىڭىز
ئەجەپ كېلىشكەن بويلىرىڭىز
ئىڭغا تۆتنى، مىڭغا بەشنى
سۆيسە ئىگىلىدىكەن بەللىرىڭىز
ئاجان، ئوجون
ئەجەپ كېلىشكەن مۇڭلىرىڭىز
ئەجەپ كېلىشكەن مۇڭلىرىڭىز.